

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات
# تارىخى

1



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى

(ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتى ئالىي مائارىپ باشقارمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتتى)

1

باش تۈزگۈچى : غەيرەتجان ئوسمان
مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى : غاپپار روزى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

责任编辑：帕尔哈提.伊力亚斯
责任校对：克尤木.图尔逊

高等院校文科专业通用教材

# 维吾尔古典文学史

（维吾尔文）

1

海热提江.乌斯曼，买买提热依木.沙依提，阿帕尔.肉孜，图尔逊.沙得克，图尔逊.沙吾提，艾希来甫.阿布都拉，古丽加玛力.买买提伊明，艾买提.代尔维希，阿布拉江.穆罕默德，买提肉孜.马合木提　编著

新疆维吾尔自治区教育厅高教处审查试用

※

新疆教育出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路169号，邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷

※

850×1092毫米　1/32开本　印张：19.375
2002年8月第1版　2002年8月第1次印刷
印数：0001 — 2500
ISBN 7 — 5370 — 4214 — 4
G·1431（维课）上、下定价：56.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى :  پەرھات ئىلياس
مەسئۇل كوررېكتورى :  قەييۇم تۇرسۇن

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى

1

غەيرەتجان ئوسمان ، مۇھەممەترېھىم سايىد ، غاپپار روزى ،
تۇرسۇنمۇھەممەد سادىق ، تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت ،
ئەشرەپ ئابدۇللا ، گۈلجامال مەمتىمىن ، ئەمەت دەرۋىش ،
ئابلاجان مۇھەممەد ، مەتروزى مەھمۇد

ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتى ئالىي مائارىپ باشقارمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتتى

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 فورۇ ، پوچتا نومۇرى :830001 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

*

فورماتى : 1092×850 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى 19.375
2002 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 2500 — 0001

ISBN 7 — 5370 — 4124 — 4

ئومۇمىي باھاسى (1 ،.2. قىسىم ) : 56.00 يۈەن (维课) G・1431

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى

(سىناق نۇسخا)


باش مەسلىھەتچى: ئابدۇكېرىم راخمان

باش تۈزگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: غاپپار روزى

تۈزگۈچىلەر: غەيرەتجان ئوسمان

مۇھەممەترېھىم سايىد

غاپپار روزى

تۇرسۇنمۇھەممەد سادىق

تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت

ئەشرەپ ئابدۇللا

گۈلجامال مەتىمىن

ئەمەت دەرۋىش

ئابلاجان مۇھەممەد

مەتروزى مەھمۇد


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

高等院校文科专业通用教材

# 《维吾尔古典文学史》

（试用本）

新疆维吾尔自治区教育厅高教处审查试用

总顾问：阿不都克力木·热合曼

主编：海热提江·乌斯曼

副主编：阿帕尔·肉孜

编著：海热提江·乌斯曼

买买提热依木·沙依提

阿帕尔·肉孜

图尔逊·沙得克

图尔逊·沙吾提

艾希来甫·阿布都拉

古丽加玛力·买买提伊明

艾买提·代尔维希

阿布拉江·穆罕默德

买提肉孜·马合木提

# سۆز بېشى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى تەتقىق قىلىش، ھەردەرىجىلىك مەكتەپلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە سۆزلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1979 - يىلىدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى ئۇنىۋېرستېت)، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئاساسلىق دەرسلىك سۈپىتىدە سۆزلىنىپ كېلىنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ دەرسلىكىمۇ تۈزۈلگەن.

بۇ قېتىم ئوقۇتۇش ئېھتىياجى ۋە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق بۇ دەرسلىك تۈزۈلۈپ سىناق شەكلىدە نەشر قىلىندى. كىتابنى تۈزۈش خىزمىتىگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن 10 يىلدىن ئارتۇق شۇغۇللانغان تەجرىبىلىك، ئىقتىدارلىق، كەسپىي ۋە سىياسىي ساپاسى يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى. يەنە جىددىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن مەلۇم تېما ئۈستىدە ئالاھىدە ئىزدەنگەن كەسپىي خادىملاردىن ئابلىمىت ئەھەد، مۇھەممەتتۇرسۇن ئىلى ۋە مەھمۇدجان مۇھەممەد قاتارلىقلارنىڭ

ياردىمى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ يازغان ماتېرىياللىرىمۇ بۇ كىتابنىڭ تېگىشلىك جايىدىن ئورۇن ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇستازلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پايدىلىنىپ، ھاشىيەدە ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» نىڭ ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى سۈپىتىدە يېڭىباشتىن نەشر قىلىنىشى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم كونكرېت ئەمەلىيلىشىشى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، «قەدىمكىلەرنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى تاشلاش»، «كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش»، ۋەتەننىڭ شان - شەرىپى ۋە بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش پرىنسىپىغا قاتتىق رىئايە قىلىندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەتىنىمىز جۇڭگو ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بىلەن مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىندى.

دەرسلىكنىڭ سىناق شەكلىدە نەشر قىلىنىشى ئۇنىڭ يەنە پىششىقلىنىدىغانلىقىنى، ئىلمىيلىشىدىغانلىقىنى ۋە سىستېمىلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

# دەرسلىكنى تۈزگۈچىلەرنىڭ ئىش تەخسىماتى

مۇقەددىمە.......................... غەيرەتجان ئوسمان
.................... (دوتسېنت ، شىجاڭ ئونىۋېرسىتېتى )
I بۆلۈم .............................. غەيرەتجان ئوسمان
II بۆلۈم
I باب .................. تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت
.................... (لېكتور ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى )
II باب
1§ ، 3§ ، 5§ ........................ غەيرەتجان ئوسمان
2§ ،4§ ................................ ئەشرەپ ئابدۇللا
(لېكتور ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى )
III باب.............................. غەيرەتجان ئوسمان
IV باب
1§ ، 2§ ، 7§ ........................ غەيرەتجان ئوسمان
7§ 3 . .......................... مەھمۇدجان مۇھەممەد
(ماگىستىر ، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش )
3§ ............................... مۇھەممەترېھىم ساھىت
........ (پروفېسسور ،مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى )
غەيرەتجان ئوسمان
4§ ، 5§ ، 6§ ......................... غاپپار روزى
(دوستېنت ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى )

Ⅴ باب ........................ تۇرسۇنمۇھەممەد سادىق
(لېكتور ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى )
Ⅲ بۆلۈم يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى
(چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات )
Ⅰ باب ........................ گۈلجامال مەمتىمىن
(لېكتور ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى )
Ⅱ باب
§1 ، §8 ........................ غەيرەتجان ئوسمان
§2 ........................ ئابلىمىت ئەھەد
(دوتسېنت ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى )
§3 ، §5 ، §12 ........................ ئابلاجان مۇھەممەد
(لېكتور ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى )
§4 ........................ مەتروزى مەھمۇد
(لېكتور ، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى )
§6 ، §7 ، §10 ، §11 ، §13 ........ ئەمەت دەرۋىش
(لېكتور ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى )
§9 ........................ مۇھەممەد تۇرسۇن ئەلى
(لېكتور ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى )
△ بىبلىوگرافىيە ........................ غەيرەتجان ئوسمان
△ دەرسلىكتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ئاتالغۇلار
سېلىشتۇرمىسى ........................ غەيرەتجان ئوسمان

## مۇندەرىجە

سۆز بېشى ........................................ 1
مۇقەددىمە ........................................ 1
1 . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى...... 1
2 . تىل ۋە يېزىق ........................................ 24
تەكرارلاش سوئاللىرى ........................................ 45

I بۆلۈم قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى

I باب قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى........................ 48
§1 . قەدىمكى قوشاقلار ........................................ 48
§2 . خەلق ھېكايىلىرى........................................ 64
§3 . ئېپوسلار ........................................ 104
§4 . خەلق داستانلىرى ........................................ 123
تەكرارلاش سوئاللىرى ........................................ 127
II باب تارىم - تۇرپان بوستانلىقىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات - سەنئىتى ........................................ 129
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ........................................ 129
§2 . تارىم - تۇرپان باستانلىق رايونىدىكى قەدىمكى بۇددا ئەدەبىياتى ........................................ 135
§3 . تەرجىمانلار ۋە شەرھشۇناسلار ........................................ 151
تەكرارلاش سوئاللىرى ........................................ 164
III باب ئورقۇن دەۋرى ئەدەبىياتى........................................ 166
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ........................................ 166
§2 . «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى» ، «خۇئاستۇئانفت» ، «ئىرق بىتىگ» ........................................ 174



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

§3 . مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ......... 184
تەكرارلاش سوئاللىرى ..................... 211

## Ⅱ بۆلۈم ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتى

I باب قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ............................... 213
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ........................... 213
§2 . شېئىرىيەت ............................... 216
§3 . نەسرىي ئەسەرلەر ........................ 254
§4 . دراممىچىلىق .............................. 300
تەكرارلاش سوئاللىرى ..................... 321
Ⅱ باب قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات 323
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ........................... 323
§2 . ئەبۇ ناسىر فارابى ......................... 332
§3 . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ........................ 367
§4 . مەھمۇد كاشغەرى ........................... 418
§5 . ئەھمەد يۈكنەكى ، ئەھمەد يەسسەۋى ........ 463
تەكرارلاش سوئاللىرى ..................... 473
Ⅲ باب لياۋ ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتى ............................... 476
§1 . قىتان - لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ............................... 476
§2 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ......... 481
تەكرارلاش سوئاللىرى ..................... 515
Ⅳ باب چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ............................... 517
§1 . چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ............................... 517
§2 . تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ... 522

§3 . ناسىرىدىن رابغۇزى ........................ 530
§4 . ئاتائى ........................................ 552
§5 . مەۋلانە سەككاكى ........................ 579
§6 . مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى .................. 605
§7 . ئەلىشىر نەۋائى ........................... 656
تەكرارلاش سوئاللىرى ......................... 746
V باب يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ............ 748
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ........................... 748
§2 . مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر ..................... 756
§3 . مىرزا مەھمۇد جوراس ...................... 775
§4 . مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ئوغلى ھىر
قەتى ................................................. 781
تەكرارلاش سوئاللىرى ......................... 797


## Ⅲ بۇلۇم يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى

### (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات)


I باب خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىيات .................. 798
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ............................. 798
§2 . خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى ............................................... 803
§3 . سالاھى ...................................... 810
§4 . پۇتۇھى ...................................... 812
§5 . مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ..................... 818
§6 . ئەرشى ...................................... 831
§7 . مۇھەممەد خاراباتى ......................... 845
§8 . نەۋبەتى ...................................... 856
§9 . مەھزۇن ...................................... 869
§10 . بۇ مەزگىلدىكى تەرجىمە ئەدەبىيات ............ 879
تەكرارلاش سوئاللىرى ......................... 884

II باب چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئەدەبىيات............ 885
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ............ 885
§2 . مۇھەممەد سىدىق رەشىدى ............ 912
§3 . مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ............ 920
§4 . ئەھمەدشاھ قاراقاشى ۋە قەلەندەر ............ 940
§5 . ئابدۇرېھىم نىزارى ............ 961
§6 . نورۇز ئاخۇن زىيائى............ 1010
§7 . تۇردى غەرىبى ............ 1039
§8 . موللا شاكىر ............ 1081
§9 . موللا بىلال نازىمى ............ 1091
§10 . سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس) ............ 1114
§11 . موللا مۇسا سايرامى ............ 1128
§12 . ئابدۇقادىر داموللام............ 1150
§13 . ھۇسەيىنخان تەجەللى ............ 1190
تەكرارلاش سوئاللىرى ............ 1202
ئونىۋېرسال سوئاللار ............ 1203
△ بىبلوگرافىيە............ 1205
△ دەرسلىكتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى............ 1219
قوشۇمچە :
1 . قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ............ 1249
2 . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى............ 1250
3 . ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ............ 1251
4 . چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ............ 1252
ئاخىرقى سۆز ............ 1255

# مۇقەددىمە

## 1. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇئەييەن دەرىجىدە ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇرگەن ئەدەبىيات. بۇنى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈۋالىمىز:

بىرىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يىراق دەۋردىن باشلانغان، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىزچىللىققا ئىگە.

ئەجدادلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ، گۈزەل، يارقىن بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىشقا باشلىغان. بۇ خىل گۈزەل بەدىئىي ئەسەرلەر بىر تەرەپتىن ئېغىز ئەدەبىيات شەكلى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن قىياتاش سىزمىلىرى (رەسىملىرى) شەكلى بىلەن تارقالغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئەمگەكچى ئىدى. ئۇ چاغدا تېخى يېزىق بارلىققا كەلمىگەن، لېكىن تىل ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەنىدى. «ياۋايىلىقنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىلا ئىنسانلارنىڭ ئېسىل خۇسۇسىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى ··· تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار تەرەققىياتىنى مۇشۇنچە دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان ئىقتىدارنىڭ رولى بىلەن چۆچەك، لەتىپە، رىۋايەت

قاتارلىق خاتىرىلەنمىگەن ئەدەبىيات شۇ چاغدىن باشلاپ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. شۇنىڭدەك ئۇ ئىنسانىيەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.»[1] بۇ ئىپتىدائىي ئەدەبىيات پۈتۈنلەي ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزاسى ياراتقان، ئۇ ئومۇمىي خەلق خاراكتېرىگە ئىگە. كېيىنكى يازغۇچىلارنىڭ يېزىق ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق مەنبەسى، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر ئەدەبىياتى ئىدى. ئىپتىدائىي ئەدەبىيات يالغۇز ئاغزاكىلىق جەھەتتىلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئەنئەنىسىنى بەرپا قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولۇشتەك بۇ تۈپ خاراكتېر جەھەتتىمۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپكى خەلق ئەدەبىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىيا تاش سىزمىلىرى يېرىم يازما ئەدەبىيات خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرى، قۇرۇم ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرى، ئورقۇن - يېنسەي (ئېنەساي) دەريا ۋادىلىرىدىكى ۋە چوغاي (يىڭشەن) تاغلىرى قىيالىرىغا، جىلغىلىرىغا ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، يەنى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، جەڭگى - جېدەللەر، ھەرىكەت - قىلىقلار، كىيىنىش ئادەتلىرى، تېۋىنىش (چوقۇنۇش) ئادەت - يوسۇنلىرى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن رەسىملەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ سىزىلدى، ئويۇلدى، ياسالدى. مانا بۇلار ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن رەسىملىك ئەسەرلەر ياكى قىياتاش ئەسەرلىرى ئىدى. بۇ قىيا تاش رەسىم كۆرۈنۈشلىرىدىكى بىر مۇنچە ئادەتلەر، مەسىلەن، ھايۋان ئېتىقادچىلىقى، ئاسمان جىسىملىرى (ئاساسلىقى قۇياش)

① ك. ماركس: «مورگاننىڭ ‹قەدىمكى جەمئىيەت› دېگەن كىتابىدىن ئۈزۈندىلەر»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1978 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 54 - ، 55 - بەتلەر.

ئېتىقادچىلىقى، جىنسىي ئەزالارغا چوقۇنۇش قاتارلىقلار ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە مۇئەييەن سەۋىيىدە تەسىرىنى ساقلاپ كەلدى. «ئوغۇزنامە»، «توڭا ئالپ ئەر»، «بۆرە تۆتىمى ئەپسانىلىرى»، «دەرەخ تۆتىمى ئەپسانىلىرى»، «ئاسمان جىسىملىرى ئەپسانىلىرى»، «ئوماي ئەپسانىسى»، «قۇلباق ئەپسانىسى» قاتارلىقلار كېيىنرەك قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى بەكمۇ قەدىمكى دەۋرلەرگە، جۈملىدىن مىلادىيىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە قىيا تاش رەسىملىرى ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يازما ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشىنى سۈرۈشتە قىلىشتا، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ.

قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ مۇئەييەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئىنسانشۇناسلار خېلى ئىلگىرىلا بايقىغان ۋە ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەنە شۇنداق قاراشقا ئاساسەن: «قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ خىيالىي، تەرتىپسىز، قالايمىقان ھالىتى ئارقىسىدا ئەپسانىۋى تۈيغۇ بىلەن تويۇنغان تەرتىپ بار··· ئەپسانە بىلەن قىيا تاش رەسىملىرى ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردا ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىپادىلىگەن··· گەرچە ھەربىر رەسىم بىلەن ھەربىر ئەپسانە ھېكايىسى ئوتتۇرىسىدا قېلىپلىق ‹گراماتىكا› مەۋجۇت بولمىسىمۇ، قايسى رەسىمنىڭ قايسى ئەپسانە ھېكايىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، قىيا تاش رەسىملىرىنى ئەپسانە ھېكايىلىرىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى دەپ بىلىمىز» دەپ يازىدۇ فرانسىيىلىك ئىنسانشۇناس

① ««شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىللىق 4 ـ سان، 23 ـ بەت.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com